# 37055 ـ ئېھرامغا كىرىپ بولۇپ مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن شەرت قىلىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا

## سۇئال

مەن ئېھرامغا كىرىدىغان ۋاقىتتا: "مەن قەيەردە توسۇلۇپ قالسام، شۇ يەر مېنىڭ ئېھرامدىن چىقىدىغان ئورنۇم "دەپ شەرت قىلىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، بۇنى مەككىگە كىرگەندە ئېسىمگە ئالدىم، ۋە بۇ سۆزنى دېدىم، مۇشۇنداق شەرت قىلىشىم توغرىمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ـ سالاملىرى بولسۇن.

بۇنداق شەرت قىلىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى شەرت دېگەن ئېھرامغا كىرىشنى مەقسەت قىلىش بىلەن بىرگە بولىدۇ، ئېھرامغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن بولمايدۇ.

شەيخ ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھدىن: ئېھرامغا كىرىپ مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن شەرت قىلسا بولامدۇ؟ دەپ سورىغاندا، شەيخ: "ئۇنداق قىلىش توغرا بولمايدۇ، ھەقىقەتەن شەرت قىلىش دېگەن ئېھرامغا كىرىشنى دىلى بىلەن نىيەت قىلغاندا بولىدۇ دېگەن".  ["شەيخ بىن باز پەتىۋالىرى"17–توم 73–بەت].